# شى جىنپىڭ 2019 ـ يىللىق خەلقئارا ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ۋاسكېتبول دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇراتونىڭ تەكلىپىگە بىنائەن رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق جاكارلىدى: 2019 ـ يىللىق خەلقئارا ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ۋاسكېتبول دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسى باشلاندى!

نەق مەيداندا خەلقئارا ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمىسىنىڭ يىغىن بايرىقى ۋە 2019 ـ يىللىق خەلقئارا ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ۋاسكېتبول دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىنىڭ مۇسابىقە بايرىقى چىقىرىلدى.

بۇ نۆۋەتلىك ۋاسكېتبول دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىنىڭ قۇت بەلگىسى «ئارزۇ ئوغلى» پۇشتەك چېلىنىشى بىلەن، «ئارزۇ ئەركىن تەسەۋۋۇر مۇزىكىسى» ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى.

جىڭجۈ تىياتىرى بىلەن پىيانىنو بىرلىكتە تەڭكەش قىلىنىپ «كۈندە چېنىققاندا ئادەم ئۆزىنى كۈچەيتەلەيدۇ» ئورۇنلاندى. ياش ناخشىچىلار بىرلىكتە «ئارزۇغا قاراپ يولغا چىقىش»نى ئورۇنلىدى. گۈچىن بىلەن ئورۇنلانغان «ئەلنىڭ كۈچى يېڭىلمەستۇر»دە، ئورتاق ياشاش، ئورتاق گۈللىنىشتەك شەرق پەلسەپىسى شەرھلەندى. يې شا ۋاسكېتبول كوماندىسى «ئىرادە قەلبىمدە»نى ئورۇنلاپ، 16 ياشلىق ۋاسكېتبولچى ئۆسمۈر يې شانىڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن بەدىنىدىكى ئەزالىرىنى تەقدىم قىلغانلىقى، ئەزانى قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ۋاسكېتبول كوماندىسى تەشكىللەپ يې شانىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىق ھېكايىسىنى مەدھىيىلىدى. بەش چوڭ قىتئەدىن كەلگەن ۋاسكېتبول ياشلىرى ھەمدە جۇڭگولۇق سەنئەتكارلارمۇ ئېسىل نومۇرلارنى تەقدىم قىلدى.

جۇڭگو ۋاسكېتبولچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ياۋ مىڭ بۇ نۆۋەتلىك دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونلۇق لوڭقىسىنى مۇھاپىزەت قىلىپ مەيدانغا ئېلىپ كىردى. مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدىغان سەككىز شەھەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋاسكېتبول ئۈسمۈرلىرى تەرتىپ بويىچە: «جۇڭگونىڭ تەييارلىقى پۈتتى!» دەپ ئېلان قىلدى، بالىلار «غەيرەت قىل! ۋاسكېتبول»نى ئېيتىپ، بۇ نۆۋەتلىك ۋاسكېتبول دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىگە بولغان گۈزەل تىلەكلىرىنى ئىپادىلىدى.

دىڭ شۆشياڭ، سۈن چۈنلەن، ياڭ جيېچى، سەي چى، ۋاڭ يى قاتارلىقلار يۇقىرىدىكى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

خەلقئارا ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ۋاسكېتبول دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسى خەلقئارا ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇرغان دۇنيادىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك دۆلەت كوماندىسى دەرىجىلىك ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى بولۇپ، ھەر تۆت يىلدا بىر نۆۋەت ئۆتكۈزۈلىدۇ. 2019 ـ يىللىق دۇنيا لوڭقىسى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى باسقۇچىدىكى مۇسابىقە 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە جۇڭگودا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، تەنتەربىيە ئىشلىرىدا ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. تەنتەربىيە ھەم دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىدا بولۇشقا تېگىشلىك ھەققانىيلىق، ھەم خەلقنىڭ ساغلام، بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. جۇڭگو تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇۋاتىدۇ. بىز خەلقئارا ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمىسى بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىشنى قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگو ۋاسكېتبول ھەرىكىتىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايمىز.

مۇراتو رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ نۆۋەتلىك ۋاسكېتبول دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان خەلقئارا ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى، جۇڭگو تەرەپنىڭ بۇ نۆۋەتلىك ۋاسكېتبول دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن قالتىس تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەنلىكىگە ئاپىرىن ئېيتتى، بۇ نۆۋەتلىك دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىنىڭ دۇنيا ۋاسكېتبول تارىخىدىن بۇيانقى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر نۆۋەتلىك كاتتا ئىش بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: خەلقئارا ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمىسى جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، جۇڭگونىڭ ۋاسكېتبول ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، سۈن چۈنلەن، ياڭ جيېچى، سەي چى، ۋاڭ يى قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

زوكتوك باتتولگا تەبرىك خېتىدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ جۇڭگو ۋە جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئىلگىرىلەش يولىدا توپلىغان قارىشى ۋە تەجرىبىلىرى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن. موڭغۇلىيە ـ جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغاندىن بۇيان، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ۋە ھەمكارلىقى تېخىمۇ پائال، چوڭقۇر راۋاجلىنىپ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستلۇقى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. جۇڭگونىڭ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىشىغا، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىلەكداشمەن.

جياڭ جيەنگو سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 1 ـ تومى ۋە «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش»تىن ئىبارەت ئىككى ئەسەردە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ تومۇرى ۋە ئەمەلىيەت مەنبەسى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات يولى، تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئېنىقلاشتىكى نوپۇزلۇق ئوقۇشلۇق. بۇنىڭ ئىچىدىكى خەلقنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش، نامراتلارنى يۆلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىش قاتارلىق ئېسىل سەھىپىلەردە رەئىس شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇۋاتقان مۇھىم ئىدىيەسى ۋە تەدبىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ موڭغۇلىيە دۆلىتىدە نەشر قىلىنىشى جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە تەرجىمە ساھەسى، نەشرىيات ساھەسىنىڭ جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا تەقدىم قىلغان كاتتا سوۋغىسى، ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ جانلىق ۋاسىتىسى.

ئېنكتۆبشىن، باتۇئېنگك سۆزىدە مۇنداق دېدى: «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 1 ـ تومى ۋە «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش»نىڭ كىرىل موڭغۇل يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشى موڭغۇلىيە دۆلىتىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلىشىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىشىگە، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىش ۋە ئۆز ئارا ھۆرمەتلىشىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا، ئىككى دۆلەتنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

شىڭ خەيمىڭ سۆزىدە مۇنداق دېدى: جۇڭگو ـ موڭغۇلىيەنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشى ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى ھاسىل قىلغان مۇھىم ئورتاق تونۇش. رەئىس شى جىنپىڭ ئەسەرلىرىنىڭ موڭغۇلىيە دۆلىتىدە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى جەزمەن ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيلىك جەھەتتە ئالماشتۇرۇشى، ئۆز ئارا ئۆگىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلىشىگە كۈچ قوشىدۇ.

تۈنجى تارقىتىش مۇراسىمىدا، ئىككى تەرەپ ئەزىز مېھمانلىرى ئورتاق ھالدا يېڭى كىتابنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى، جۇڭگو تەرەپ موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ سىياسىي ئەربابلىرىغا ئىككى پارچە ئەسەرنى سوۋغا قىلدى. مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئىككى دۆلەت ئالىملىرى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش قاتارلىق باش تېمىلارنى چۆرىدەپ چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇردى ھەم بىرلەشمە تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو تەرەپ يەنە ئۇلانباتوردا «جۇڭگونى كۆرۈش ـ ئاڭلاش، پۈتۈن يەر شارىدا كۆرسىتىش»نى موڭغۇلىيە دۆلىتىدە باشلاش ھەم «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى: جۇڭگونىڭ بۇ بەش يىلى» ھۆججەتلىك فىلىمنى قويۇش مۇراسىمى، «جۇڭگونى بىلىش» يورۇتۇشلۇق مەدەنىيەت پائالىيىتى، سانسىر تورىنىڭ سۆزلۈك تېلېۋىزىيە سىگنالىنى ئېچىش ھەم كەڭ بەلباغ كەسپىنى باشلاش مۇراسىمى قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۆتۈۋالدى. ئەمەلىيەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا يىلتىز تارتقان، چوڭقۇر جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئاساسىغا ئىگە بولغان، خەلقنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشكەن تۈزۈم ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ۋە غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە تۈزۈم ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى، 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن نوپۇسقا ئىگە چوڭ دۆلەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا سىجىل تۈرتكە بولالايدىغان، 5000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ «ئىككى 100 يىللىق» كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغان، بۇ ئارقىلىق ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان تۈزۈم ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان يېڭى ئارزۇسىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشتە، جەزمەن مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە بولغان تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشقا تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، داۋاملىق جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا، ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، جەزمەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسىنى تۈپ مىزان قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىستېمىلىق ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىلەن پارتىيەنى نىزام بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى تۈزۈش نىزامى» قاتارلىق پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ تۈزۈش يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى نىزام بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنىڭ ئەمەلىيەت نەتىجىلىرى، نەزەرىيە نەتىجىلىرى، تۈزۈم نەتىجىلىرىنى گەۋدىلەندۈردى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى تۈزۈش خىزمىتىدە يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «نىزام»نى مىزان قىلىپ، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى نىزام تۈزۈمىنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ، تۆۋەن ئورۇندىكى نىزام تۈزۈمىنى يۇقىرى ئورۇندىكى نىزام تۈزۈمى بىلەن ئۆز ئارا جىپسىلاشتۇرۇپ، ئەمەلىي گەۋدە خاراكتېرلىك، تەرتىپ خاراكتېرلىك، كاپالەت خاراكتېرلىك نىزام تۈزۈمىنى ئۆز ئارا يانداشتۇرۇش كېرەك. يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرى ۋە قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش بەلگىلىمىسى»نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، نىزام ـ ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى جەزمەن ئەنگە ئېلىش، ئەنگە ئېلىنغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى جەزمەن تەكشۈرۈش، خاتالىق كۆرۈلگەنلىرىنى جەزمەن تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرى ۋە پارتىيە سىياسىتىنىڭ بىردەكلىكى ھەم نوپۇزلۇقلۇقىنى قوغداش كېرەك. «پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بەلگىلىمىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار جەزمەن پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك.

---

# ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسىدىكى چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى بويىچە سەپەرۋەرلىك ـ ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **خۋاڭ ۋېنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسىدىكى چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى بويىچە سەپەرۋەرلىك ـ ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىنى ئاچتى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى، خەلق ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسى ۋە ھەرقايسى ئالاقىدار فۇنكسىيەلىك تارماقلار «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسىدىكى چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، سىياسىي ئېكولوگىيەنى ساپلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى پارتگورۇپپىسى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىدىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، سەپەرۋەرلىك ـ ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش ـ تۈزىتىش، مەركەزلىك تۈزەش، مۇستەھكەملەپ يۈكسەلدۈرۈش قاتارلىق ھەرقايسى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چىڭىتىشى، كادىرلارنىڭ ئىستىلىنى پۇختىلىشى، چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى ئازايتىشى، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ساپلاشتۇرۇشى، سىياسىي ئېكولوگىيەنى ياخشىلىشى كېرەك. مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىگە ئەزا ئورۇنلار ماسلىشىپ جەڭ قىلىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى سىستېمىسىدىكى چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئە تارماقلىرى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك. خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى سىستېمىسىدىكى چىرىكلىك دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا قاتتىق جاۋابكارلىققا تارتىپ، «بىر دېلونى قوش تەكشۈرۈپ»، باشلامچىلىق بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈشى ـ تۈزىتىشى، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگەنلەرنى بەلگىلىمە بويىچە، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە كەڭچىلىك بىلەن يېنىكلىتىپ بىر تەرەپ قىلىشى، تۈزىتىشكە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى بەلگىلىمە بويىچە، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە تېز، ئېغىر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىنتىزام كاپالىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى لايىھەسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى پارتگورۇپپىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدە تۇرۇشلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە گۇرۇپپىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئىپادە بىلدۈرۈپ سۆز قىلدى.